# شى جىنپىڭ بىلەن كولومبىيە زۇڭتۇڭى دۇك ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى يوللىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كولومبىيە جۇمھۇرىيىتى زۇڭتۇڭى دۇك بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى يوللاپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 40 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ـ كولومبىيە ئىككى تەرەپ ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشىنىشنى ۋە ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ پائال ياخشىلىنىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتىنى ساقلاپ كەلدى. 2019 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، دۇك زۇڭتۇڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا جۇڭگوغا كېلىپ دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولدى، بىز سەممىي، دوستانە پىكىر ئالماشتۇردۇق ھەم مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىپ، جۇڭگو ـ كولومبىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ئۇزاق كەلگۈسى تەرەققىياتىغا يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتۇق. مەن جۇڭگو ـ كولومبىيە مۇناسىۋىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، دۇك زۇڭتۇڭ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، جۇڭگو ـ كولومبىيە مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى تارىخىي باسقۇچقا كىرىشىگە ئورتاق تۈرتكە بولۇشنى خالايمەن.

دۇك تەبرىك خېتىدە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: 2019 ـ يىلى، مەن جۇڭگودا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولۇپ، رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن كۆپ تۈردە يېڭى ئورتاق تونۇشلارنى ھاسىل قىلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەردە دوستانە ھەمكارلىشىشى ئۈچۈن يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتۇق. مەن جۇڭگونىڭ ئىككى تەرەپ ھەمكارلىقى ئارقىلىق كولومبىيەنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىسىنى يۈكسەك ئالقىشلايمەن ھەم چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. مەن كولومبىيە خەلقىگە ۋاكالىتەن شۇنى تەكىتلەيمەنكى، داۋاملىق رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ كېيىنكى 40 يىللىق تەرەققىيات يول خەرىتىسىنى ياخشى پىلانلاپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقىگە بەخت يارىتىشنى خالايمەن.

# دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلەرنى تەيىنلىدى ـ قالدۇردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق تۆۋەندىكى باش ئەلچىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ـ قالدۇردى:

بىرىنچى، شىڭ خەيمىڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ موڭغۇلىيە دۆلىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

چەي ۋېنرۇينى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ موڭغۇلىيە دۆلىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

ئىككىنچى، چيۇ گوخۇڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كورېيە جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

شىڭ خەيمىڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كورېيە جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

ئۈچىنچى، خۇاڭ شىلىيەننى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقلىقىدىن، ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى.

دېڭ شىجۈننى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقلىقىغا، ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

تۆتىنچى، لى نيەنپىڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كولومبىيە جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى.

لەن خۇنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كولومبىيە جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو خەلقىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغداپلا قالماي، دۇنيا خەلقىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنىمۇ قوغدايدۇ. بىز ئاشكارا، ئوچۇق، مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيە بىلەن دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ھەمدە ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالاقىدار دۆلەت ۋە رايونلارغا ۋاقتىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدۇق ھەم دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى قاتارلىقلاردىكى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنى ۋۇخەنگە بېرىپ نەق مەيداندا تەكشۈرۈشكە تەكلىپ قىلدۇق. جۇڭگو بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپى. بىز ۋاقتىدا كەسكىن، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ھەم نۇرغۇن دۆلەتنىڭ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشتۇق.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توغرىسىدا ئالاقىنى ساقلاپ كەلدى. مەن زۇڭتۇڭ ئەپەندىنىڭ جۇڭگونىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە كۆپ قېتىم ئىجابىي باھا بەرگەنلىكىنى ئالقىشلايمەن، ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى ھەرقايسى ساھەنىڭ ماددىي ئەشيا ياردىمى بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن. تارقىلىشچان كېسەلگە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ تاقابىل تۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ. ھازىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئاچقۇچلۇق باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى كەسپىي نۇقتىدىن بارلىق دۆلەتلەرنىڭ زىيادە ئىنكاس قايتۇرماسلىقىنى كۆپ قېتىم مۇراجىئەت قىلدى. ئامېرىكا تەرەپنىڭ يۇقۇمنى سوغۇققانلىق بىلەن باھالاپ، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى مۇۋاپىق تۈزۈشى ۋە تەڭشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى تەرەپ ئالاقىنى ساقلاپ، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، بىرلىكتە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئالسا ـ تىزگىنلىسە بولىدۇ.

ترامپ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئامېرىكا جۇڭگونىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللايدۇ، جۇڭگوغا مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتىشنى ھەم باشقا تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق جۇڭگو تەرەپنى ياردەم بىلەن تەمىنلەشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپنىڭ ئىنتايىن قىسقا ۋاقىتتا مەخسۇس قوبۇل قىلىپ داۋالاش دوختۇرخانىسى قۇرۇپ چىققانلىقى كىشىدە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى، بۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ قالتىس تەشكىللەش ۋە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى تولۇق نامايان قىلدى. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو خەلقىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى چوقۇم قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. ئامېرىكا تەرەپنىڭ جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىشەنچىسى بار. ئامېرىكا تەرەپ يۇقۇمغا سوغۇققان پوزىتسىيەدە مۇئامىلە قىلىپ ۋە تاقابىل تۇرۇپ، ئىككى تەرەپلىك ۋە دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى يولى ئارقىلىق جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئالاقە ھەمكارلىقنى ساقلاشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى تەرەپ يېقىندا بىرىنچى باسقۇچلۇق ئىقتىساد ـ سودا كېلىشىمى ئىمزالىدى. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ بۇنداق كېلىشىمنى ھاسىل قىلىشى جۇڭگوغا پايدىلىق، ئامېرىكىغا پايدىلىق، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، گۈللىنىشىگە پايدىلىق. بۇ شۇنى تولۇق چۈشەندۈردىكى، گەرچە جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا بىر قىسىم ئىختىلاپ مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئىككى تەرەپ باراۋەرلىك ۋە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش روھى بىلەن، سۆھبەتلىشىش، كېڭىشىش ئارقىلىق ئىككى تەرەپ ئۆزئارا قوبۇل قىلالايدىغان ھەل قىلىش چارىسىنى ھامان تاپالايدۇ. ئامېرىكا تەرەپنىڭ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىر نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ھاسىل قىلغان ئورتاق تونۇشنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ماسلىشىش، ھەمكارلىشىش، مۇقىملىق باش رىتىمدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى بىر يىلدا توغرا يولنى بويلاپ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ترامپ مۇنداق بىلدۈردى: ئامېرىكا جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ كېلىشىمنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىشنى خالايدۇ.

ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى داۋاملىق تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق قويۇق ئالاقىنى ساقلاشقا قوشۇلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، جاپالىق، مۇشكۈل بولغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىپىسى ئالدىدا، بىر قىسىم جايلاردا شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق ھادىسىلىرى كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئەڭ تىپىك بولغىنى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تەكرار ـ تەكرار ھەر خىل جەدۋەللەرنى تولدۇرغۇزۇش بولدى. بەزى جايلاردىكى شەھەرلىك، ناھىيەلىك سەھىيە ـ ساغلاملىق ئىدارىسى، جىددىي تاقابىل تۇرۇش ئىدارىسى، ھۆكۈمەت ئىشخانىسى، ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى ئىشخانىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى، مائارىپ ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلار ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا بىر ياكى بىرنەچچە جەدۋەل تۈزۈپ چىقىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ تولدۇرۇشىنى ھەم تېزدىن يوللىشىنى تەلەپ قىلغان، بۇ جەدۋەللەرنىڭ مەزمۇنى ئەمەلىيەتتە ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ، لېكىن بىرمۇ ھۆججەت، بىرمۇ تارماقنىڭ ئاساسىي قاتلام جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ھېچبولمىغاندا بىرەر ماسكا، بىرەر قۇتا دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەرگىنى يوق، يەنە ھەر خىل نامدىكى تەكشۈرۈش، تەكرار تەكشۈرۈش، توپلىشىپ تەكشۈرۈش ھادىسىسى تۈپەيلىدىن، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ۋاقتى ئىگىلىنىپ، زېھنى چېچىلىپ كەتمەكتە.

شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنىڭ چوڭ دۈشمىنى. بۇ مەيدان خەلق ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىشتا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغىنى ئەمەلىي بولۇش، پۇختا بولۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاساسىي قاتلامدا تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك، ئاساسىي قاتلامدىكى مەھەللىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە مۇبادا ساختىپەزلىك قىلىنسا، ئاقىۋىتى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلار ۋە رەھبىرىي كادىرلار بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ ئەھۋال ئىگىلەپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، يۈزەكىلىكنىڭ، ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرمەسلىكنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، ھۆججەتنى ھۆججەت بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلماسلىقتىن قەتئىي ساقلىنىشى كېرەك، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق ئۇسۇلى بىلەن ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىشكە، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش زېھنىنى خورىتىۋېتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. قوشۇن شەھەرگە قانچە قىستاپ كەلگەنسېرى، خالىغانچە قوماندانلىق قىلىشقا، خالىغانچە ئورۇنلاشتۇرۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، سىياسەت ـ پەرمانلارنى تېخىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كۈچلۈك بولمىغان، بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشقا بويسۇنمىغان، تار مەھكىمىچىلىكى ئېغىر بولغان، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان، ئىستىلى تۇراقسىز، مەسئۇلىيىتى بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىپ قۇرۇق تالاش ـ تارتىش قىلغانلارغا قارىتا بىۋاسىتە مەسئۇل كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلگەندىن سىرت، قىلمىشى ئېغىر بولسا يەنە پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ جاۋابكارلىقىنىمۇ سۈرۈشتۈرۈش كېرەك.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتا بىر دەرىجىنىڭ بىر دەرىجىگە تېگىشلىك ۋەزىپىسى، بىر قاتلامنىڭ بىر قاتلامغا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. ھەرقايسىسى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغاندىلا، ئاندىن ھەمكارلىشىپ ئۇرۇش قىلىدىغان قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش جەريانىدىكى شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىسى ئەمەلىيەتتە مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى خالىماي، يۈزەكى ئىش قىلىپ مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ، زىددىيەتكە يولۇققاندا يۇقىرىغا ئىتتىرىپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، مەسىلە چىقسا، كالتەكنى ئاساسىي قاتلامغا ئۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى چېكىتىشنى تۆۋەنگە «چۆرۈپ بېرىش»تۇر. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلار ۋە رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار جەزمەن ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئالدىغا ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. بۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا جەزمەن ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، غەمخورلۇق قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس بولۇپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن بىرىنچى سەپتە جەڭ قىلىدىغان قىلىش كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «ھازىر، ئەڭ ئاچقۇچلۇق مەسىلە ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئەمەلىي تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش.» ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئالغان بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشلىقىنى بىۋاسىتە بەلگىلەيدۇ. ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپ زېھنىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىگە قارىتىدىغان قىلغاندىلا، بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ پولات سېپىلىنى تېخىمۇ ياخشى مۇستەھكەملەپ، پۈتۈن ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بۇ مەيدان توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە تېزدىن غەلبە قىلالايمىز.

**(2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»دىن ئېلىندى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«داۋالاش مۇداپىئە ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىز يەرلىك كارخانىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى پائال قېزىپ، جىددىي يېشىل يول ئېچىپ، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ماسكا ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۈچ كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ياردەم بەردۇق» دېدى 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق دورا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى جاڭ يۇشياڭ.

جاڭ يۇشياڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق دورا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى پۈتۈن شىنجاڭدىكى 200دىن ئارتۇق دورا سايمانلىرى تىجارەت كارخانىسى، 8000دىن ئارتۇق دورا دۇكىنىدىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كاپالىتى چوڭ قوشۇنى تەشكىللەپ، كۆپ يوللار ئارقىلىق ماسكا، مۇداپىئە كىيىمى قاتارلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىپ، بازارغا تەرتىپلىك سالغان. 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق دورا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تارماقلىرى دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى تەشكىللەپ سېتىۋالغان ۋە بازارغا سالغان ماسكا 9 مىليون 600 مىڭدىن، مۇداپىئە كىيىمى، ئايرىش كىيىمى 30 مىڭدىن، دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى 180 توننىدىن ئېشىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى تەمىناتىغا ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلىنغان.

ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كومىتېتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر خۇ يەنىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كومىتېتى پارتىيە كومىتېتى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي، كەسكىن ئىزچىللاشتۇرغان، ئەمەلىيلەشتۈرگەن، بولۇپمۇ داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان مۇداپىئە بۇيۇملىرى، دېزىنفېكسىيەلەش بۇيۇملىرى قاتارلىق مۇھىم، زور ماددىي ئەشيا كاپالىتىنى ياخشى قىلىش جەھەتتە تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، پائال نەتىجە ياراتقان. 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كومىتېتى سىستېمىسى 530 مىڭدىن ئارتۇق ماسكا، 30 مىڭ جۈپ پەلەي، 1288 يۈرۈش مۇداپىئە كىيىمى، 1085.635 توننا دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى (دەسلەپكى سۇيۇقلۇق) ئىئانە قىلغان. ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كومىتېتى كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن مەدەت بېرىپ ۋە تەشكىللەپ تۈرتكە بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا تۆھپە قوشىدۇ.

**ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، بىر نىيەتتە «يۇقۇم»غا قارشى جەڭ قىلىش**

ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىش يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنىڭ كۈچلۈك يادرولۇق كۈچى.

«بىز تېڭشۈن ئاممىۋى پاراۋانلىق سۇپىسى ئارقىلىق ‹بىرىنچى سەپكە ياردەم بېرىشكە ئاتلىنىپ، يۇقۇم ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش› ئاۋام مەبلەغ غەملەش تۈرىنى يولغا قويدۇق، 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە، جەمئىي 2 مىليون 248 مىڭ 488 يۈەن تۆت مو توققۇز پۇڭ غەملەندى، 56 مىڭ 115 ئادەم قېتىم قاتناشتى» دېدى شىنجاڭ خۇڭشى خەير ـ ساخاۋەت فوندى جەمئىيىتىنىڭ تۈر مەسئۇلى لى چاۋ.

لى چاۋنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، پۇل غەملەش تۈرىنى پائال ئالغا سىلجىتىش بىلەن بىللە، شىنجاڭ خۇڭشى خەير ـ ساخاۋەت فوندى جەمئىيىتى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تەشكىلاتى ۋە مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش ئەترىتى تەشكىللەپ، قانۇن ـ بەلگىلىمە بويىچە ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىش خىزمىتىنى جىددىي، ئىنچىكە قانات يايدۇرغان. نۆۋەتتە، بۇ فوندى جەمئىيەتنىڭ جەمئىيەتتىن ئىئانە توپلاش ئارقىلىق سېتىۋالغان تۇنجى تۈركۈمدىكى جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى ۋۇخەن شەھىرى دۇڭشىخۇ رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىغا ئەۋەتىلگەن، 2 ـ تۈركۈمدىكى ماسكا، پەلەي، دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى، مۇداپىئە كىيىمى قاتارلىق جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قىسمەن ناھىيە، شەھەرلەرگە ئەۋەتىلگەن.

«بىز تۈردە غەملەنگەن ئىئانە پۇلىغا بىرىنچى ۋاقىتتا ماددىي ئەشيالارنى مۇۋاپىق باھادا سېتىۋالىمىز ھەم ئەڭ ئېھتىياجلىق جايلارغا تېز يەتكۈزۈپ بېرىمىز. كېيىن بىز يەنە ئىئانە پۇلىنى ئىشلىتىش ھەم ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى ئېلان قىلىپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىمىز» دېدى لى چاۋ ئىپادە بىلدۈرۈپ.

يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، شىنجاڭ خەير ـ ساخاۋەت باش جەمئىيىتى ئۆز ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىنى مۇجەسسەملەپ، توردا ۋە تور سىرتىدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بويىچە ئىئانە توپلىدى. 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە، جەمئىي 3 مىليون 537 مىڭ يۈەن قىممىتىدە پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم توپلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىئانە پۇلى 1 مىليون 826 مىڭ يۈەن، ئىئانە قىلىنغان ماددىي بۇيۇمنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 1 مىليون 711 مىڭ يۈەن. شىنجاڭ خەير ـ ساخاۋەت باش جەمئىيىتى تۈر بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تاڭ تاۋنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، شىنجاڭ خەير ـ ساخاۋەت باش جەمئىيىتى قىسمەن ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق خەير ـ ساخاۋەت باش جەمئىيەتلىرىگە ئىئانە پۇلى ئاجرىتىپ بېرىپ، شۇ جايلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىشىغا ئىشلەتكەن. كونكرېت ئىئانە قىلىش ۋە ئاجرىتىپ بېرىش، ئىشلىتىش ئەھۋالى كېيىنكى مەزگىلدە شىنجاڭ خەير ـ ساخاۋەت باش جەمئىيىتى ھۆكۈمەت تور بېكىتى ھەم تېڭشۈن ئاممىۋى پاراۋانلىق سۇپىسىدا ئېلان قىلىنىدىكەن.

«پەقەت كۆپچىلىك بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، بىر نىيەتتە ‹يۇقۇم›غا قارشى جەڭ قىلساقلا، بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە چوقۇم غەلىبە قىلالايمىز» دېدى تاڭ تاۋ.

**(مۇخبىرلىرىمىز لى چۈنشيا، رېن خۇا، يۈ شى، لى لىن، ۋاڭ دۇڭ، جاۋ شيا، شى شىن، ما يىنىڭ، خەن چىنيەن، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز لىي تىڭ يازغان)**